# ياۋا كەپتەر

## نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

يەنە ئاشۇ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمەن. ئوڭۇممۇ- چۈشۈممۇ ياكى ھەر ئىككىلىسى ئەمەسمۇ بىلمىدىم. قانىتىم ئاستىدا غۇر-غۇر شامال ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. مەن ھازىر ناھايىتى روھلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. زەڭگەررەڭ ئاسمان، پارلاق قوياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بىپايان دۇنيا. بۇ نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە-ھە؟ مەن تېخىمۇ روھلىنىپ يەنىمۇ ئېگىز ئۆرلىدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۆلجۈرگەنلىك غايىب بولدى. ئەمدى ماڭا دۇنيا تېخىمۇ كەڭرى يېيىلىپ كۆز ئالدىمدا بىر يېشىل داستىخاندەك ئۇچۇق نامايان بولدى. بۇ ئىلگىرى مەن كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرە، مەن كۆرۈپ باقمىغان جايلار ئىدى. لېكىن، مەن ئۇ يەرگە ئۆز ماكانىمدەك مۇئامىلە قىلدىم. ھەممە يەر ئوخشاشلا گۈزەل كۆرۈنەتتى.

تۇيۇقسىز ئالدىمدا مەھەللىلەر، ئۆيلەر كۆرۈندى. پەستە ئۇششاق نەرسىلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئانام سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، ئۇلار ماڭا ئانچە خەتەرلىك ئەمەستەك كۆرۈندى. ئانامغا قېرىلىق يەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. يەردە بىچارىلەرچە ئۆملەپ يۈرگەن ئاشۇ جانلىقنىڭ كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بىزدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىشكە كاللام يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ مەن ئادەملەرنى ئۇنچە خەتەرلىك ھېس قىلمىدىم. ئانام:«ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ھۈنىرى جىق، پەخەس بولمىساڭ ئۇلار سېنى بىردەمدىلا مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.» دېگەنىدى. بىردىنلا مېنىڭ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى ھۈنىرىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى. نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى قورسىقىغا سولىۋالىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمىدى. ئاستا- ئاستا پەسلەپ مەھەللە ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. ماڭا ئەمدى ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈندى. بۇ يەردە ئادەملەردىن باشقا قوي- كالا، توخۇ، ئىشقىلىپ مەن كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. بىر توپ كەپتەرلەر ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاز بىر قىسمى بولسا، كەپتەرلەر قونۇش ئۈچۈن ياسالغان پەغەز دېگەن نەرسىگە قونۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن يېنىغا كېلىپ قوندۇم. پاراڭلىشىش ئۈچۈن قوندۇممۇ ياكى ئارام ئېلىش ئۈچۈن قوندۇممۇ بۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى تۇيغۇم بەك خىرە ئىدى. ئىشقىلىپ مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ قالغان ئىدىم.